# ئىرانغا سەپەر

(ئەسلىمە)

بىسمىللاھ

دۇئالىرىمنى ئىجاۋەت قىلغىنىڭغا شۈكۈرلەر بولسۇن. ھەردائىم توغرا يولدا بولغىلى نېسىپ قىلغىن. ئامىن!

شۇنداق قىلىپ ماڭماقچى بولدۇم، خۇددى يېتىلگەن قۇش بالىسىدەك ئۇچۇش ئالدىدا ئىدىم. ئاپتوبۇس ئەينىكىدىن شامالدەك كەينىگە ئۇچۇۋاتقان مەنزىرىلەرگە قارىغاچ خىياللارغا چۆمۈپ كېتىپ باراتتىم. نىمىلەرنى ئويلىغىنىم ئېسىمدە يوق، بىر خۇشالدەك بىر كۆڭلۈم ئىنتايىن يېرىمدەك بىر خىل روھى ھالەتتە.

ئۇچۇش بالىلىقىمدىن باشلانغان ئەڭ بۈيۈك ئارزۇلىرىمدىن بىرسى، كېتىۋاتقان ئايروپىلانلارغا قاراپ (ھەي ئايروپىلان، توختا! مەن چىقىۋالاي !!) دەپ ۋارقىرايدىغىنىم ھازىرقىدەك ئېسىمدە.

مانا ئۇچماقچىمەن يىراققا تۇلىمۇ يىراققا سەپەر قىلماقچى ئاشۇ مۇقەددەس ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى.

مەيدە يانچۇقۇمدىكى پاسپورتىمنى ئاستا سىيلاپ قويدۇم. تۇنجى قېتىم تىترەپ تۇرۇپ ئالغان، بىر بىرلەپ ۋاراقلاپ كەتكەن، يالغان راستىنى تەكشۈرگەندەك كۆڭگە تۇتۇپ قاراپ باققان، مۇشۇنچىلىككەنغۇ بۇ ئەسكى كىنىشكە دىيىشىپ ئاغىنىلىرىم بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكەن.

مانا ماڭماقچىمەن، ھەممەيلەن مەن ئۈچۈن ئالدىراش، ئۆيدە جىددىيچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن. مەن بەخىرامان ئولتۇرغان، يەڭگەم؛ كۆڭلىڭىز يېرىممۇ بولمىدىما؟ "سىزگە قارىسا ھېچ يەرگە بارمايدىغاندەك ئولتۇرىسىز" دەپ كۆيۈنۈشىنى ئىپادىلەۋاتقان.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى راست ئىدى.

ئارىلىقتا نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ھازىرقىدەك يادىمدا تۇرۇپتۇ.

ھەر قېتىم ھۇرۇنلۇق قىلغاندا، ھەر قېتىم غېرىپلىق باسقاندا مىنىڭ ئەسلەيدىغانلىرىم. چوڭ بولۇپ بىرەر كىمنى سىزلەپ باققاننى كۆرۈپ باقمىغان، بىرەر كىمگە يېلىنىپ باقمىغان، بىزلا ئەمەس باشقا كىشىلەرمۇ ئەيمىنىدىغان، ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، ئاجايىپ ھەيۋىتى بار ئاتامنىڭ مەندىن يۇشۇرۇن كۆز يېشىنى سۈرتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغاندىم، ئاشۇ چاغدىلا ئۆيكەم ئۆرلىپ بۇرنۇم قىزىرىپ ئىچىمدىن پارتىلىغاندەك چىققان يىغامنى تۇتۇۋالالماي قالغاندىم. ئاكامغا ئېسىلىپ يىغلىغىنىم، مانا بۇ ئاخىرقى خوشلىشىش ئىكەن ئەسلى.

مىنى شەھەرگە يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشەك ھارۋىسىدا چوڭ يولغا ئېلىپ چىقىپ قويغان كىچىك ئاكامنىڭ كۆز ياشلىرىنى يۇشۇرۇپ ئېشەكنى ئىتتىك قايدۇرۇپلا كېتىپ قالغىنى ھېلىمۇ شۇنداق يادىمدا تۇرۇپتۇ.

مەن شەھەرگە كىرىپ ئالدىغان نەرسىلىرىمنى ئالغاچ تۇرىغان ئۆيدىكىلەر بىر كۈندىن كىيىن چىقىدىغان بولغاندى.

لېكىن ئاپاملار شۇ كۈنى تەييارلايدىغىنىنى تەييارلاپ كەينىمدىنلا چىقىپتۇ، ئاتام- ئاپام ئاكام يەنە ئاچىلىرىم شەھەردىكى ئۆيىمىزدە كېچىچە مۇڭدىشىپ چىققان ئىدۇق.

ئاپام نېمىنىدۇر تەييارلايتتى، بەك ئالدىراش ئىدى. ئاتام نېمىنىدۇر ئويلايتتى. بەك خىيالچان ئىدى.

ئاكىلىرىم ئاچىلىرىم ھەم شۇنداق خۇشال ئىدى گەپلىرى تۈگەي دېمەيتتى.

مەن خۇشال ئىدىم كۆزلەرگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

تاڭمۇ ئاتتى ھەممىز ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، ئالدۇق قويدۇق، قويدۇق يەنە ئالدۇق،

كەچقۇرۇن بىلەن ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئاتام-ئاپام چوڭ ئاچام، چوڭ ئاكام، شەھەرلىك بىر تۇغقىنىمىز تۇغقىنىمىزنىڭ تەۋسىيە يول كۆرسىتىشى بىلەن ئاپام مۇشۇ يەردىلا ئۇزۇتۇپ قويىدىغان بولدى، ئۇنىڭچە شۇنداق بولسا ئاقلانىلىك بولىدىكەن، ئۈرۈمچىگە بىللە بارسىمۇ ھىچ ئىش قىلىپ بېرەلمەسمىش. شۇنىڭ بىلەن ئاپام بىلەن شۇ يەردە خوشلاشتىم. ئاپام كىچىكىمدىن يادا بۇلۇپ كەتكەن خاس ماڭا بېغىشلانغان دۇئاسىنى

قىلىپ يىغلاشقا باشلىدى، پېشانىلىرىمگە سۆيۈپ باشلىرىمنى، يۈزلىرىمنى سىلاپ يىغلايتتى، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالساممۇ ئىرىپ كېتىپ باراتتىم. ئاتامنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن ئاپام دۇئاسىنى ئاخىرلاشتۇردى. ماڭا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن ئادىتى بويىچە ئاتامغىمۇ دىققەت قىلىدىغان ئىشلىرىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، ھەممە دۇئا قىلىپ بىز ئاپتوبۇسقا چىقتۇق. ئاپاملار پەلەمپەيىنىڭ قىرىدىلا ئۆلتۈرۈپ قالدى.

ماشىنا قوزغالغىنىدا دېرىزىنى ئېچىلمايدىغان قىلىپ ياسىغان زاۋۇتنى نەچچە مىڭنى تىللىغاچ ئاپاملارغا كۆزۈم ۋە قول ئىشارىتىم بىلەنلا يەنە بىر قېتىم خوش دېدىم.

خەير گۈزەل يۇرت

كەلگۈچە ئامان بولغىن.

ئۈرۈمچى؛ يۇلى بارغا ئۈرۈمچى يۇلى يوققا ئۆلۈمچى.

ئەتىگەن سائەت توققۇزلار بىلەن يېتىپ كەلدۇق، نەۋرە ئاكامنىڭ دوسلۇقتىكى ئۆيىنى تېپىپ ئۇۋە دېگۈچە كۈن چۈش بولۇپ كەتتى، ھېلىقى تۇغقىنىمىز ئاغىنىسى، مىنىڭ ۋىيزام ۋە باشقا ئىشلىرىمنى قىلىپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولدۇق.

مىڭ تەستە تېپىپ ئۇن كىلولۇق پاقلاننى مۈرىگە ئېلىپ ئۇ كىشىنىڭ قېپ بەرگەن ئىشلىرىغا كۆپلىگەن ھەشقالالانى ئېيتىپ قايتىپ چىقتۇق.

بىلەت ئەتىگەن سائەت تۆت يېرىمنىڭ بولۇپ كېچىچە ئۇخلىماي نەرسىلىرىمنى رەتلەپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ كونىراپ قالغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ سائەتمۇ توشتى، ماڭىدىغان بولدۇم.

ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان بىرخىل تۇيغۇدا ئايرودرومغا قاراپ ماڭدىم، بۇ گۈزەل مېھرى ئىسسىق شەھەرگە ئاخىرقى قېتىم تويغۇچە قارىۋېلىش مەقسىتىدە ماشىنىنىڭ دېرىزىسىنى تۇلۇق چۈشۈرۈپ ئۆيدىكىلەرنىڭ؛ زۇكام بولۇپ قالسەن ـدېگىنىگە قارىماي كۆزۈمنى تولدۇرۇپ قاراپ ئولتۇردۇم.

ماشىنا ئايرودرومنىڭ ئالدىدا توختىدى، يۈرىكىم سىلىپ كەتتى. خۇشاللىقتىنمۇ ياكى بىر ئىشلاردىن ئەنسىرەپمۇ بىلمەيمەن.

ئۆرۈمچىدىن بېيجىڭغا ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا چىقىدىغان يەرنى سوراشتۇرۇپ تېپىپ ئۆيدىكىلەر بىلەن قايتا خوشلاشتىم، بۇ قېتىم ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋالدىم، ئاتامىۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بۇرۇنقى ھەيۋىتىنى ساقلاپ تۇراتتى. ئاكام پەخىرلەنگەندەك قارايتتى، ئاچام بارلىق كۆيۈنۈش ۋە مېھىر -مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ يىغلايتتى، قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. مەن ئۆچىرەتكە تىزىلدىم، ئۆچرەتتە تۇرۇپ پات-پات ئارقامغا قاراپ قوياتتىم، ئۇلار يىراقتىن ماڭا قاراپ تۇرۇشاتتى. سومكىلارنى مال تۇشۇشقا بېرىپ تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئايروپىلان چىقىش ئېغىزىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپلا ئاكامغا تېلىفۇن قىلدىم، ھازىر ئايروپىلانغا چىقىدىغانلىقىنى، قايتىپ كېتىشىنى ئېيتتىم.

ئۆيدىكىلەر بىلەن تېلېفوندا قايتا بىر بىرلەپ خوشلاشقاندىن كېيىن تېلېفۇننى قۇيۇپ ئەتراپىمغا نەزەر تاشلىدىم، بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئايرودرومغا كىرىشىم بولغاچ ھەممە نەرسىگە قىزىقىپ قاراپ باقاتتىم، كىشىلەرنى كۆزىتەتتىم.

ۋاقىت تۇشۇپ ئايروپىلانغىمۇ چىقتۇق، بىخەتەرلىك كەمىرىنى تاقىيالماي سەل ئاۋارە بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا روھى كەيپىياتىم ناھايتى ياخشى ئىدى.

ھاياتىمدىكى تۇنجى قېتىم ئۇچماقچى بولغىنىمنى ئەسلىسەم سەل ھاياجانلىناتتىم.

بېيجىڭ تامام يۈرۈپ كەتتۇق، دېرىزىدىن پەسكە تاكى ئايروپىلان قۇيۇق تۇمانلار ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنگە قەدەر قاراپ تۇردۇم، ئۆرۈمچىنىڭ شەھەر سىرتىنى بۇ ئۇچۇشتا تازا تاماشا قىلىۋالدىم دېسەممۇ بولىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ئايروپىلان بۇلۇتلار ئۈستىگە چىقتى

كىنولاردا چىقىسا ھەۋەس قىلىپ كېتىدىغان بۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئەملىيەتتە كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، كۆپكۆك ئاسمان، ئاتقان پاختىدەك بۇلۇق بۇلۇق بۇلۇتلار، ئەگەر ئايروپىلان توختاپ تۇرسا مېڭىپ باقسام.

تۇتۇپ يەپ باقسام .......

يەنە نىملەرنى ئويلۇدۇم يادىمدا قالماپتۇ.

بۇ گۈزەللىكنىڭ، بۇ كارامەتلەرنىڭ ئىگىسىنى ئويلاپ تەسبىھ ھەمدىلەر ئېيتقىنىم ئېسىمدە.

بېيجىڭغىمۇ چۈشتۇق، ئالدىمىزغا چىققان ئاچاشتىن ۋىيزا قويۇلغان پاسپورتلىرىمىزنى ئېلىپ ئايرودرومنىڭ خەلقئارالىق بۆلمىگە خاس ماشىنىلىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق.

ماڭا ھەممە نەرسە يېڭىلىق بىلىنەتتى. ھەممىگە قىزىقسىنىپ قارايتتىم، چەتئەللىكلەرنى بۇنچە يېقىندىن تۇنجى كۆرۈشۈم بولغاچ ھەم ھاياجانلىناتتىم.

ماشىنىدىن چۈشۈپ زالغا كىرگەندىن كېيىن سوراپ يۈرۈپ بىر ئايرۇپىلانغا چىقىدىغان يەرنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدۇق دە لىفت تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق، لىفتتە لىققىدە ئادەم ساقلا ئاخىر سەل بوشىغاندىن بىرسى كەلدى، بىرنەچچە چەتئەللىك كىشلەر باركەن، شۇلار بىلەن بىللە چىقتۇق.

چۈشىدىغاندا مەن بىلەن ماڭغان بالا ئالدىراپلا باشقىلارنىڭ ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ چىقىپ كەتتى، بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ھېلىقى چەتئەللىكلەر بىشنى لىڭشتىپ ئەپسۇسلانغاندەك بىرخىل قىياپەتلەرنى چىقىرىشتى.

ئالدىمىزغا چىققان ھېلىقى ئاچاش بىلەن خوشلىشىپ سومكىلىرىمىزنى سۆرەپ بىلەت چىقىرىپ بېرىدىغان يەرگە باردۇق، مۇلازىمەتچى پاسپورتىمىزغا قاراپ؛

ـھە سىلەر جۇڭگولۇقمۇ ؟!دەپ سورىدى.

ـھەئە بىز جۇڭگولۇق.

ـھە يۇك تاقىنى بۇ يەرگە قويۇڭلار

بۇنىڭدىن كېيىنكى گەپلىرى ئىنگلىزچە بولغاچ چۈشىنەلمىدىم، بىرنەرسىلەرنى سورىغاندەك قىلدى،

ـئوكې دەپ جاۋاپ بېرىۋەردىم.

ئىككى ئۈچ قېتىملىق "ئوكې" لىرىمدىن كېيىن خاتا گەپكىمۇ ئوكې دەۋەرمەي ھېلى دەپ ئويلاپ ئۇ خانغا

ـخەنزۇچە گەپ قىلساڭ قانداق؟ دېدىم

ئۇ دەرھاللا قولدىكى پاسپورتقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن؛

-ھە راس سىلەر جۇڭگولۇق ھە، دېدى

يۈك-تاقلارنىڭ ئىچىدە چېقىلىدىغان، سۇنىدىغان نەرسىلەرنىڭ بار يوقلۇقىنى سورىغاندىن كىيىن قەغەزلىرىنى چاپلاپ بىلەتلىرىمىزنى چىقىرىپ بەردى. بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشكە باردۇق ئۇيەردە ياش ياش باللار ئىشلەيدىكەن.

تەكشۈرگەچ بىزگە چاقچاق قىلدى،

-ئىرانغا نىمىشقا بارىسەن ئەخمەت نىجاتنى كۆرگىلىما ؟؟

-نېفىت قازغىلى بارمايدىغانسەن؟

قۇلاقىقا خوش ياقمىغان لاۋزا چاقچاقلارغا ياق ياق بىلەنلا جاۋاپ بىرىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق.

زالدا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەسكەن بىرنەچچە ئىرانلىقلار باركەن ئۇلارنى كۈزىتىپ ئولتۇردۇم.

ئىككى سائەتنى ئاران توشقۇزۇپ ئايروپىلانغا چىقتۇق، يېنىمدىكى بالىغا؛ چېگرادىن ئۆتتۇقمۇ؟ دېسەم،

-ئۆتتۇق، دېدى،

-پاسپورتقا تامغا ئۇرمىدىغۇ ئەمسە؟ دېسەم،

-مەنمۇ بىلمىدىم دەپ جاۋاپ بەردى،

شۇئان ئالغاننىڭ يېقى قاراپ باقمىغان بىلەتكە تەپسىلىي قاراشقا باشلىدىم.

بېيجىڭ - ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى - تېھرانكەن.

ھەي بىز يەنە ئۈرۈمچىگە مېڭىپتۇق !! دېدىم مەن،

-ياقەي!

-مانا قارا!

-ۋاي خۇدايىم !!!!

-ئۇنداق ئەدەم بىۋاستىلا ئۇرۇمچىدىن ماڭساق بولماسمىدى ؟!

-نىمە ئاۋارىچىلىق بۇ ؟! بىر مۇنچە پۇلغىمۇ زىيان!

-شۇنچە سائەت ساقلاپ، قورساق ئاندىن ئاچ !

قاقشاپ يۇرۇپ بىرچاغلاردا ئۇرۇمچىگە يىنىپ چۇشتۇق، بامدات بىلەن چىقىپ كەتكەن كەلسەك شام بولۇپتۇ.

ئۆيدىكىلەرگە تېلفۇن قىلدىم،

-مەن ئۇرۇمچىگە ھازىر چۇشتۇم

-نىمە؟

ئۆيدىكىلەرنىڭ پۇت قولىدا جان قالمىغاننى ھىس قىلىپ چۇشەندۇردۇم. بىلەت ئالىلىنىپ ماڭدىغان بىلەتكەن، بىيجىڭدىن بىۋاستە ئۇچمايدىكەن.

ئۆيدىكىلەر ئۇھ دىدى بولغاي، تاموژنىدىن ئۆتۈپلا تېلفۇن قىلىۋېتىشىمنى دىدى

-ھە، ماقۇل بىلەن تېلېفۇننى قويۇپ ئۆچىرەتتە تۇردۇم.

تاموژنىدىن ئۆتۈپ ئۆيدىكىلەرگە تېلفۇن قىلدىم ،

-مەن ئايرۇپىلانغا چىقتىم ئالالاھقا ئامانەت،

-ھە، بوپتۇ نىمە ئىش بوپكەتتىكىن دەپ ھەممىمىز تىك تۇرۇپ كەتتۇق. - دىدى ئاچام

ھەممەيلەن يەنە بىر قۇردىن خوشلىشىپ تېلېفۇننى تاقىدىم، تىھرانغا ئۇچۇپ كەتتۇق.